سەنچاڭساۋزى كەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپىقى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن،
كەنت ئاھالىلىرى بەختلىك چاغلارنى كۈتۈۋالدى

# ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، ھەممە ئائىلە ھاللىق تۇرمۇشقا ئاتلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

تۆگە بېقىپ تۆگە سۈتى سېتىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرماقچى بولدى. تۆگە سۈتى بازىرىنىڭ ئىتتىك بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئېربول ئائىلىسىنىڭ تۆگە باقمىچىلىق كۆلىمى تېز كېڭىيىپ، كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئاشتى.

ئەلى ئالدى تەرەپتىكى چوڭ بىر باقمىچىلىق قوتىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر ھۆكۈمەت 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك مەركەزلىك باقمىچىلىق رايونى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەقسىز ئىشلىتىشىگە بەردى. ئېربول قاشالانغان كۆلەم بىر موغا يېقىن، قوتان كۆلىمى 86 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان باقمىچىلىق بۆلىكىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۆگە باقمىچىلىقتىن قىلغان ساپ كىرىمى 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۈزدە، ئېربول 250 مىڭ يۈەن خەجلەپ ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان SUV ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالدى. ھازىر كەنتتە 50تىن ئارتۇق شەخسىي ئاپتوموبىل بار.

مۇخبىر سەنچاڭساۋزى كەنتىدە زىيارەتتە بولغان كۈنى، ئۇششاق قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردا كەنت خۇددى چۆچەكلەر دۇنياسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. تۈپتۈز ئاسفالت يوللار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇلغانىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە، قاتار - قاتار ئەمەن ئۆيلەر گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.

ئەلى مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇشۇ يىللاردا ھۆكۈمەت سىجىل ھالدا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، كەنتتە سۇ، توك، يول قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمىن ئۆي سالدى، تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت يەنە كەنتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسىنى ئۈستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، كەنتتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تېمىتىپ سۇغىرىش ئېتىزى قىلدى؛ چارۋىچىلىقتا ئادەم بىلەن چارۋىنى ئايرىشنى يولغا قويۇپ، ئۆلچەملەشكەن مەركەزلىك باقمىچىلىق رايونى قۇرۇپ، نەسىل ياخشىلاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلمىي باقمىچىلىقنى كېڭەيتتى.

تۈرلۈك ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنىڭ مەددىتىدە، سەنچاڭساۋزى كەنتىدە ئۆزگىرىش بولدى. 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سەنچاڭساۋزى كەنتى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

«بىز ھازىر نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشتىكى ئۈلگىلىك كەنت.» ئەلى پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: بۇ بىرنەچچە يىلدا، كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىدى، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. نامراتلارنى يۆلەشتىكى نۇقتىلىق كەنتتىن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشتىكى ئۈلگىلىك كەنتكىچە، سەنچاڭساۋزى كەنتى قالتىس ئۆزگىرىشنى تاماملىدى. ئېربولنىڭ ئائىلىسىمۇ نامرات ئائىلىدىن باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسىگە ئايلاندى.

«بۇ يىل مەن يېڭىدىن باقمىچىلىق قوتىنى سېلىپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى پىلانلاۋاتىمەن. ھۆكۈمەتنىڭ يۆلەش سىياسىتى شۇنچە ياخشى تۇرسا، ئۆزىمىز تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كۈنلىرىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك!» دېدى ئېربول.

كەنت يولىنى بويلاپ كەنت ئاھالە كومىتېتى قورۇسىغا كەلگەندە، يىراقتىن بىر زاۋۇت ئۆيىنى كۆرگىلى بولىدۇ. زاۋۇت ئۆيىنىڭ تېمىغا يېزىلغان «شىنجاڭ يۆخۋا كىيىم تىكىش چەكلىك شىركىتى» دېگەن ئون چوڭ خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

كىيىم - كېچەك پىششىقلاش سېخىدا، سېخ مۇدىرى ئاسىمگۈل قاخارىيا خادىملارنى باشلاپ كىيىم - كېچەك تىكىۋاتاتتى.

ئاسىمگۈل ئائىلىسى ئىلگىرى كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. 2018 - يىلى، شىنجاڭ يۆخۋا كىيىم تىكىش چەكلىك شىركىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخى سەنچاڭساۋزى كەنتىدە قۇرۇلدى، ئۇ تۇنجى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇردى. ئاسىمگۈل ئىشچان، قابىل بولغاچقا، ھازىر سېخ مۇدىرى بولۇپ، ئېيىغا 4000 يۈەن مائاش ئالىدىغان بولدى.

«زاۋۇت ئىشىكىمىز ئالدىدا قۇرۇلدى، ئۆيدىن چىقىپلا زاۋۇتقا كىرىمەن، ھەم پۇل تېپىشىمغا دەخلىسى بولمايدۇ، ھەم ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمغا قولايلىق» دېدى ئۇ.

يۆخۋا كىيىم تىكىش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى يۆخۋا مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا 30دىن ئارتۇق ئىشچى بار، ئاساسىي مائاشقا كاپالەتلىك قىلىپ ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ مائاش بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئۇلار يۇقىرى بولغاندا ئېيىغا 5000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالالايدۇ.

«ھازىر، كەنتىمىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، ھەممە ئائىلە ھاللىق تۇرمۇشقا ئاتلاندى!» ئەلى پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە پۈتۈن كەنتتە 573 ئەمگەك كۈچى بار، ئاز بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرى تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا 375 كىشى ياكى زاۋۇتقا كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ياكى شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ھەممىسى يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2020 - يىلى پۈتۈن كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 14 مىڭ 595 يۈەنگە يەتتى.

ئەلى مۇنداق دېدى: كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيە - قارىشىدىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ھازىر كەنتتە بىكار ئادەم يوق دېيەرلىك، ھەربىر ئائىلە كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئويلايدۇ.

«ئىلگىرى ئىشچى قوبۇل قىلغاندا، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەيتتىم. ھازىر كەنت ئاھالىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا تېلېفون قىلىپ، زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېدى لى يۆخۋا.

جىمسار ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ سەنچاڭساۋزى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى سۇ شېڭبياۋ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بىر نامرات كەنتتىكى ئۆزگىرىش پەقەت ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ ئېشىشى ۋە كەنت قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيە - قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ بۇنىڭدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. «ئىرادىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرساق، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ» دېدى ئۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

قونۇپ قالغان ساياھەتچىلەردە ئىللىق، گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىمەن.

ئاپتونوم رايون ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، مەن نەنسەن قاتارلىق جايلاردا بەش يۇقراۋى قونالغۇ ئاچتىم. بۇنىڭ ئىچىدە، «لىبىي يۇقراۋى قونالغۇ»سى 2019 - يىلى شىنجاڭ يۇقراۋى قونالغۇ ئىجادىيەت يىللىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە، تۇرمۇش خاراكتېرلىك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇپ ۋە كۆپ خىللىشىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەن ناخشا - مۇزىكا ئۆگەنگەن، دائىم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئويۇن قويۇپ، نۇرغۇن يۇقراۋى قونالغۇلار بىلەن ئۇچرىشىمەن. مېنىڭچە، يۇقراۋى قونالغۇلار ئۇزاققا مېڭىش، ياخشى مېڭىش ئۈچۈن، يۇرتنى سېغىندۇرۇش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ئامىللار ئۈستىدە كۈچەپ، ساياھەتچىلەرگە بۇ يەرگە كەلگەندە باللىق چاغلىرىدىكى يۇرتنى ئەسلىتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ساياھەتچىلەرنى «دائىم ئۆيگە قايتىپ يوقلاپ تۇرۇش»نى ئويلايدىغان قىلىشى كېرەك.

**(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى يۇ شى رەتلىگەن)**

# بولدى بەس پومپېئو، يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىڭنى توختات

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىز يالغان سۆزلەيمىز، بىز ئالدامچىلىق قىلىمىز، بىز ئوغرىلىق قىلىمىز» دېگەننى كىشىلىك ھايات ئەقىدىسى قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە سېسىق نامى پۇر كەتتى. پومپېئو تارقاتقان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك بولۇپ، سېپى ئۆزىدىن ئۇنىڭ قەستەن ئويدۇرۇپ چىقارغان كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ساختا تېمىسى ۋە يامان غەرەزدىكى بىمەنە كۈلكىلىك ئويۇنى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە قۇرۇق گەپ سېتىشى چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغىنىدەك ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق. ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى جەزمەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، خەلقنىڭ تۈكۈرۈكلىرى ئىچىدە غەرق بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتقانلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامىمىنىڭ ئەڭ رېئال، ئەڭ ئوبيېكتىپ ئورتاق تەسىراتى. بۇ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى، ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلوسى، ئامانلىق دېلوسى، خەۋپسىزلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلوسى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ھازىر مەشرەپ يەنە ئوينالدى، دۇتار يەنە چېلىندى، مودا كىيىملەر يەنە كىيىلدى، ئەتىگەنلىك بازار، كەچلىك بازار يەنە قايتىدىن ئېچىلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەمئىيەت ئىناق، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئېجىل، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان بولدى! شىنجاڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىمۇ مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئامىمىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.1% ئېشىپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىسى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ۋەتەن بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىش داۋامىدا تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا بولۇپ، جەمئىي 3666 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 32 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، 3 مىليون 64 مىڭ 900 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر، شىنجاڭدا نوپۇس مۇقىم سىجىل ئېشىپ، 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شىنجاڭدا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 21 مىليون 815 مىڭ 800 ئادەمدىن ئېشىپ 24 مىليون 867 مىڭ 600 ئادەمگە يېتىپ، 3 مىليون 51 مىڭ 800 ئادەم كۆپىيىپ، 13.99% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن ئېشىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 25.04% ئاشتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى مىسلىسىز توغرا، مىسلىسىز دانا. ئۇيغۇر مىللىتىدە مۇنداق ماقال - تەمسىل بار: «ئىت قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ.» بۇ يەردە مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى: بولدى بەس پومپېئو؛ بولدى بەس پومپېئو، يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىڭنى توختات.

# پومپېئونىڭ شىنجاڭغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئازار بەردى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن، ئۇنىڭغا قەتئىي لەنەت ئوقۇيمەن ۋە كەسكىن شىكايەت قىلىمەن.

پومپېئو ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىپلوماتىيەگە قارشى تۇرىدىغان رول ئېلىپ، دائىم خەلقئارا ئادىللىققا پەرۋا قىلماي، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاش خىيالىغا پېتىپ قېلىپ ئۆزىنى تارتالمىدى، ئۇنىڭ قاراڭغۇ پسىخىكىسى، ئۇنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى، ئۇنىڭ ساختا، يىرگىنچلىك سىياسىي ئەپت - بەشىرىسى تولۇق ئاشكارىلاندى، كىشىلەر ئۇنىڭغا جەزمەن لەنەت ئوقۇيدۇ. ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى پەقەت كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىگە، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقىغا پەقەت بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. پومپېئونىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى پەيدا قىلىشى ھەم بىمەنىلىك، يولسىزلىق، ھەم ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنى «كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندە» ۋە «ئەسىر مەسخىرىسى»گە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا مۇشۇ يىللاردا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈزبەردى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم كۆرۈنەرلىك ئاشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى، ھەر مىللەت خەلق ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى، ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى ئوخشاشلا قانۇن بويىچە قوغدالدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا تىنچ، ئىناق، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك چوڭ ياخشى مەنزىرە بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئامما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. پومپېئو تارقاتقان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەرنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر خىل چۈپرەندىچىلەرچە ئويۇن بولۇپ، ھەم شىنجاڭ خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىدەك چوڭ ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئاتالمىش «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى»، «ئىرقىي يوقىتىش» قاتارلىق مەسىلىلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق خىزمەتلىرى ئەزەلدىن مۇئەييەن مىللەت، دىن، رايون بىلەن باغلانمىغان، ھەممىسى دۆلەت قانۇنى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار قانۇن - نىزاملار بويىچە قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئاتالمىش شىنجاڭدا «ئىرقىي يوقىتىش»نى يولغا قويۇش ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» ئۆتكۈزۈش سېپى ئۆزىدىن پومپېئو قەستەن ئويدۇرۇپ چىقارغان كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ساختا تېما ۋە يامان غەرەزدىكى بىمەنە كۈلكىلىك ئويۇن بولۇپ، بۇنىڭدا پەقەت ئۇنىڭ يىرگىنچلىك سىياسىي سۇيىقەستىلا مەۋجۇت، بۇنداق ئىش ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، ھازىر يوق، كەلگۈسىدىمۇ شىنجاڭدا يۈزبەرمەيدۇ.

يالغان - ياۋىداق سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ يەنىلا يالغان - ياۋىداق سۆز، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى پومپېئو خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، قارا چاپلاپلا ئۆزگەرتەلمەيدۇ! پومپېئو تۇتقۇغان ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق پەقەت ئۇنىڭ ناچار پەزىلىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل نىيىتىنىلا دەلىللەپ بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئالدىيالمايدۇ، شىنجاڭغا قارا چاپلىيالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

مەن يەنە شۇنىڭغا تېخىمۇ قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاچقا، ھەرقانداق پىتنە - ئىغۋانىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!